ئانا تىلىم

بۇغدا ئابدۇللا

شۇ خەزىنە تىلسىمىغا كىرگەنسىرى ،

ئۇقۇم-مەنىلەرنى بىلگەنسىرى ،

كىشى ئۇقمىسا كىملىكىمنى

ھېس قىلىمەن ئىنسانلىقىمنى ،

قايغۇنى چۈشەنگەنسىرى

غۇرۇرۇمنى ، مىللەتلىكىمنى ،

.قالاقلىق » قالپىقىنى چۆرۈگەنسىرى»

ئانا تىلىم

ئۇيقۇلار بىزنىڭ بۇزۇلغانسىرى ،

يەنە بىر ئەسىر بوسۇغىسىدا

يىراق سادالارنى ئاڭلىغانسىرى ،

سۆيۈنىمەن سەن ھاياتتىن

كۆزلىرىم قاماشقانسىرى ،

ئىنتىزارمەن

بىز ئارقىدا قالغانسىرى

مائارىپ ئانا تىل ئۆگىنىش بىلەن باشلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن

!تاكامۇللىشىدۇ.

دەيدۇ ئابدۇقادىر جالالىدىن . شۇنداق . دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم ئانا دەپ يېغلىغىنىمى زدىن ، يىراق قىرلاردا ، ئانا ۋەتەندىن نەچچە قىتئە ، نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇزاقلىقتا ئىلىم تە ھسىل قىلىۋاتقان ، ھاياتىمىزغا مەنا ئىزدەپ كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر ئا نا تىلىمىز بىزگە ھەمراھ بولماقتا .

تىلسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

تىل- بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئامىلدۇر. پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەر ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىپ، تەرەققى قىلدۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئوغۇز سۈتى بىلەن تەڭ قېنىمىزغا، ئەللەي ناخشىسى بىلەن ھاياتىمىزغا .سىڭىپ كەتكەن ئانا تىلىمىزنى قوغداش ھەربىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر
مانا شۇنداق بىركۈندە، مىللى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا، ئۆز ئانا تىلىغا ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ ھىسياتىغا ئىگە ھەربىر قېرىندىشىمىزنىڭ، قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ بۇ ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلىغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ۋە ۋە سىلەر بىلەن مۇشۇنداق .ئەھمىيەتلىك پائالىيەتتە بىللە بۇلالىغانلىقىمىزدىن چەكسىز شەرەپ ھىس قىلىمىز.